نوپۇزلۇق ئېلان قىلىش. ئاپتونوم رايوننىڭ قەرەللىك ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنىدا

# يادرولۇق رايون قۇرۇلۇشىدا پائال نەتىجە - ئۈنۈم قولغا كەلتۈرۈلدى

مۇخبىرىمىز شى شىننىڭ يىپەك يولى ئىقتىساد بەلبېغى يادرولۇق رايونى قۇرۇلۇشىنىڭ ئىلگىرىلەش ئەھۋالى ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنىدىن ئۇققۇشىچە: بەش يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان، ئاپتونوم رايون پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، تەشەببۇسكارلىق بىلەن پىلانلاپ، زور كۈچ بىلەن ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىپ، يادرولۇق رايون قۇرۇلۇشىغا پۇختا تۈرتكە بولۇپ، باشلىنىش ياخشى بولۇش، پۇختا قەدەم بىلەن يىراققا يۈرۈش قىلىشتەك تەرەققىيات ۋەزىيىتىنى نامايان قىلىپ، يادرولۇق رايون قۇرۇلۇشىدا پائال نەتىجە - ئۈنۈمنى قولغا كەلتۈرگەن.

ئاپتونوم رايونلۇق تەرەققىيات ۋە ئىسلاھات كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، ئاخبارات باياناتچىسى جاۋ شىفېڭنىڭ تونۇشتۇرۇشىچە، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە ھۆكۈمەت «يىپەك يولى ئىقتىساد بەلبېغى ۋە 21 - ئەسىر دېڭىز ئۈستى يىپەك يولىنى ئورتاق قۇرۇشقا تۈرتكە بولۇش مەنزىلى ۋە ھەرىكىتى»نى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، سىياسەت - تەدبىرلەرنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، تاكامۇللاشتۇرۇپ، ئىككى تەرەپلىك، كۆپ تەرەپلىك يىرىك پىلانلارنى ئۈدۈللاشتۇرۇشنى كۈچەيتىپ، يادرولۇق رايون قۇرۇلۇشىنىڭ سىياسەت يىرىك پىلاننى ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللەشتۈرگەن.

ئەسلىھەلەرنى تۇتاشتۇرۇش جەھەتتە، بەش يىلدىن بۇيان، ئاپتونوم رايون «قۇرۇقلۇق، ھاۋا، تور» يىپەك يولى قۇرۇلۇشى كۆپ يولدا تەڭ مېڭىش، ھەممىسىدە تەڭ ئىلگىرىلەشتە چىڭ تۇرۇپ، بىر تۈركۈم نۇقتىلىق تۈرلەرنى قۇرۇپ چىقىپ، «شىنجاڭ ئىچىدە ئايلىنىپ ئۇچۇش، شىنجاڭغا كىرىش - چىقىش تېز بولۇش»تا مۇھىم ئىلگىرىلەشنى قولغا كەلتۈردى.

سودىنى راۋانلاشتۇرۇش جەھەتتە، شىنجاڭ قوش يۆنىلىشلىك ئېچىۋېتىشتە چىڭ تۇرۇپ، «بىر پورت» (ئۈرۈمچى خەلقئارا قۇرۇقلۇق يولى پورتى) قۇرۇلۇشىنى كۈچەپ ئالغا سىلجىتىپ، قورغاس، قەشقەر ئىقتىساد تەرەققىيات رايونى قۇرۇلۇشىنى پۈتۈن كۈچ بىلەن تېزلىتىپ، پورت ئىقتىساد بەلبېغى (19 دۆلەت نۇقتىلىق پورتىنى تايانچ قىلىش) قۇرۇلۇشىنى پائال ئالغا سىلجىتىپ، خەلقئارا ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى ھەمكارلىقنى پۇختا قەدەم بىلەن ئالغا سىلجىتىپ، ئىقتىساد - سودا، سېلىنما ھەمكارلىقنى سىجىل چوڭقۇرلاشتۇردى. ھازىرغىچە، پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە جەمئىي 68 دۆلەت ۋە رايوندىن كەلگەن چەت ئەل سودىگەرلىرى مەبلەغ سالغان كارخانىدىن 1479ى تەستىقلاندى، ئەنگە ئېلىنىدى، ئەمەلىي پايدىلىنىلغان چەت ئەل مەبلىغى 3 مىليارد 973 مىليون دوللار بولدى. 2014 - يىلىدىن 2019 - يىلى 5 - ئايغىچە، پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە تاشقى سودا سوممىسى 113 مىليارد 690 مىليون دوللارغا يەتتى.

ئەل رىشتىنى تۇتاشتۇرۇش جەھەتتە، ئاپتونوم رايون كۆپ قاتلام، كۆپ ساھەدە ئادەمىيەت ئالاقىسىنى پائال ئالغا سىلجىتىپ، پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت - ساياھەت، داۋالاش - سەھىيە قاتارلىقلاردىكى خەلقئارا ئالماشتۇرۇش، ھەمكارلىقتا پائال نەتىجە - ئۈنۈمنى قولغا كەلتۈرۈپ، ئەل رىشتىنى تۇتاشتۇرۇشنى ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلاشتۇردى. 2014 - يىلىدىن 2019 - يىلى 5 - ئايغىچە، پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە جەمئىي 10 مىليون 849 مىڭ 500 ئادەم قېتىم چېگرادىن كىرگەن ساياھەتچى كۈتۈۋېلىندى. مۇقىملىق ئېلىپ كەلگەن پايدا سىجىل قويۇپ بېرىلىپ، ساياھەتچىلىكنىڭ تېز تەرەققىياتى ئىلگىرى سۈرۈلدى.

2015 - يىلىدىن 2019 - يىلى 5 - ئايغىچە، پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە جەمئىي 12 مىڭ 500 چەت ئەللىك ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىندى. ھازىرغىچە، شىنجاڭدىكى 29 دوختۇرخانا ئەتراپتىكى ئۈچ دۆلەت، 24 چوڭ تېپتىكى دوختۇرخانا بىلەن چېگرا ھالقىغان يىراقتىن داۋالاش مۇلازىمەت سۈپىسى قۇردى.

پۇل مۇئامىلە مۇلازىمىتىدە يېڭىلىق يارىتىش ئارقىلىق، يىپەك يولى ئىقتىساد بەلبېغى يادرولۇق رايوننىڭ مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈشى يېڭى پەللىگە قەدەم قويدى. 5 - ئاينىڭ ئاخىرىغىچە، شىنجاڭ 96 دۆلەت ۋە رايون بىلەن چېگرا ھالقىغان خەلق پۇلى كەسپىنى قانات يايدۇردى، چېگرا ھالقىپ راسچوت قىلىنغان ئەمەلىي كىرىم - چىقىم جەمئىي 193 مىليارد 900 مىليون يۈەنگە يەتتى.

ئاپتونوم رايونىمىز تەبىئىي ئاپەتنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش خىزمىتى تېلېۋىزىيە - تېلېفون يىغىنى ئاچتى

# مۇھىم، زور بىخەتەرلىك خەۋپ - خەتىرىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تۈگىتىش ئۆتكەللىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە قەتئىي غەلىبە قىلىش كېرەك

مۇخبىرىمىز ياڭ شۇخەن خەۋەر قىلىدۇ: 6 - ئاينىڭ 20 - كۈنى، ئاپتونوم رايون نۆۋەتتىكى تەبىئىي ئاپەتنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش توغرىسىدا تېلېۋىزىيە - تېلېفون يىغىنى ئاچتى، يىغىندا باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ ئاپەتنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ئاپەتنى ئازايتىش، ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش، تەبىئىي ئاپەتنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تۈزەش ھەم بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش خىزمىتى توغرىسىدىكى مۇھىم سۆزىنىڭ روھى چوڭقۇر ئۆگىنىلدى، ئىزچىللاشتۇرۇلدى، نۆۋەتتىكى تەبىئىي ئاپەتنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش خىزمىتى، مۇھىم، زور بىخەتەرلىك خەۋپ - خەتىرىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تۈگىتىش ئۆتكەللىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە قەتئىي غەلىبە قىلىش ئورۇنلاشتۇرۇلدى، ئورۇنلاشتۇرما قىلىندى.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئەركىن تۇنىياز يىغىنغا قاتناشتى ھەم سۆز قىلدى.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى تارماقلار، ھەرقايسى ئورۇنلار شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، مەسئۇلىيەتنى قەتئىي زىممىسىگە ئېلىپ، تەشەببۇسكارلىق بىلەن مەسئۇلىيەتنى زىممىسىگە ئېلىپ نەتىجە يارىتىپ، تەبىئىي ئاپەتنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تۈزەشنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ۋە كۈچەيتىپ، بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش ۋەزىيىتىنىڭ سىجىل مۇقىملىقىنى پۇختا ئالغا سىلجىتىشى كېرەك. پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ ئاچقۇچلۇق ساھەلىرى ۋە ئاجىز ھالقىلىرىغا قارىتا، ئاپەت، خەۋپ - خەتەرنى تەكشۈرۈش ۋە نۇقتىلىق يوشۇرۇن خەۋپنى رەتكە تۇرغۇزۇپ تەكشۈرۈش، يەر تەۋرەش ئاسان يۈز بېرىدىغان رايونلاردىكى ئۆي، ئەسلىھەلەرنى مۇستەھكەملەش قاتارلىق سەككىز تۈرلۈك نۇقتىلىق قۇرۇلۇشنى تېزدىن يولغا قويۇپ، ئەتراپلىق، پۈتۈن جەريانلىق، كۆپ قاتلاملىق بولغان تەبىئىي ئاپەتنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تۈزەش سىستېمىسىنى تىرىشىپ بەرپا قىلىپ، خەلق ئاممىسىنىڭ ھاياتى ۋە مال - مۈلۈك بىخەتەرلىكىگە ئەڭ زور چەكتە كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەلەپ قىلىندى: مۇھىم نۇقتىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى چىڭ تۇتۇپ، نازارەت قىلىپ ئۆلچەش، ئالدىن سىگنال بېرىش، ئالدىنى ئېلىشتا چىڭ تۇرۇپ، مۇھىم، زور بىخەتەرلىك خەۋپ - خەتىرىنىڭ كۈچەپ ئالدىنى ئېلىپ ۋە ئۇنى تۈگىتىپ؛ مۇھىم نۇقتا، قىيىن نۇقتىنى تۇتۇشتا چىڭ تۇرۇپ، كەلكۈندىن مۇداپىئەلىنىش ۋە ئۇنىڭغا تاقابىل تۇرۇش خىزمىتىنى پۈتۈن كۈچ بىلەن ياخشى تۇتۇپ؛ ئاساسىي قاتلامنى تۇتۇش، ئۇلنى سېلىشتا چىڭ تۇرۇپ، مۇھىم، زور تەبىئىي ئاپەتكە تاقابىل تۇرۇش ئىقتىدارىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىپ؛ ئورمان، ئوتلاق ئوت ئاپىتىنىڭ ئالدىنى ئېلىش خىزمىتىنى داۋاملىق ياخشى تۇتۇپ؛ بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش خىزمىتىنى سىجىل ياخشى تۇتۇپ، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقى ئۈچۈن ياخشى بولغان بىخەتەرلىك مۇھىتى يارىتىش كېرەك.

# 2019 - يىللىق شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكىلەرنىڭ ئىلىم - پەن يىللىق يىغىنى ئېچىلدى

مۇخبىرلىرىمىز شۈ چىڭگۇاڭ، لى خەيبەن خەۋەر قىلىدۇ: 6 - ئاينىڭ 20 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكىلەر بىرلەشمىسى، ئاپتونوم رايونلۇق تەرەققىيات ۋە ئىسلاھات كومىتېتى، ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت ۋە ساياھەت نازارىتى، ئاپتونوم رايونلۇق يېزا ئىگىلىكى - يېزا نازارىتى، شىنجاڭ داشۆسى، شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك داشۆسى، شىنجاڭ مالىيە - ئىقتىساد داشۆسى بىرلىكتە ئۇيۇشتۇرغان 2019 - يىللىق شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكىلەرنىڭ ئىلىم - پەن يىللىق يىغىنى شىنجاڭ داشۆسىدە ئېچىلدى.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ بۆلۈم باشلىقى تيەن ۋېن قاتناشتى ھەم سۆز قىلدى.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكىلەر «ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسىنى قانات يايدۇرۇشنى پۇرسەت بىلىپ، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ تولۇق ئۆزلەشتۈرۈشى؛ پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنىڭ مۇھىم، زور ئەھمىيىتى، ئىستراتېگىيەلىك ئورۇنلاشتۇرۇشى، سىياسەت - تەدبىرلىرى، نىشان - ۋەزىپىلىرى ۋە خىزمەت تەدبىرلىرىنى چوڭقۇر ئىگىلەپ، ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى چىڭ ئىگىلەپ، ھەقىقىي تۈردە پەلسەپە، ئىجتىمائىي پەننىڭ «يىلتىزنى پەرۋىش قىلىپ روھنى تاۋلاش» بۇرچ - ۋەزىپىسىنى زىممىسىگە ئېلىشى؛ جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى تەبرىكلەشنى پۇرسەت بىلىپ، «سەلتەنەتلىك 70 يىل . كۈرەشچان يېڭى دەۋر» «مەن ۋە ۋەتىنىم» قاتارلىق باش تېما تەربىيەسى پائالىيەتلىرىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ، ھەر مىللەت كادىرلار، ئاممىنى تېخىمۇ ئاڭلىق ھالدا پارتىيەگە مىننەتدارلىق بىلدۈرۈش، پارتىيەنىڭ گېپىنى ئاڭلاش، پارتىيەگە ئەگىشىپ مېڭىشقا يېتەكلىشى كېرەك.

ئىگىلىنىشىچە، بۇ يىل 3 - ئايدىن بۇيان، ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكىلەر بىرلەشمىسى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ «ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش+3+3+1» خىزمەت ئورۇنلاشتۇرمىسىغا ئاساسەن، «يىپەك يولى ئىقتىساد بەلبېغى يادرولۇق رايونى قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىش، يېزا - كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيەسىنى چوڭقۇر يولغا قويۇش، شىنجاڭنى ساياھەت ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيەسىنى ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇش»تىن ئىبارەت ئۈچ تۈرلۈك نۇقتىلىق خىزمەتنى زىچ چۆرىدەپ، «ئاساسىي قاتلامغا بېرىش، ‹زېھنىي ئوچۇق، ئايىغى چاققان، كۆزى ئۆتكۈر، قەلىمى كۈچلۈك بولۇش›نى كۈچەيتىش —— ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكى مۇتەخەسسىسلەرنىڭ چاغانلىق چوڭ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشى» پائالىيىتىنى تەشكىللەپ قانات يايدۇرۇپ، يىللىق يىغىننى يۇقىرى سۈپەتلىك ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن پۇختا ئاساس سالغان.

# ئاپتونوم رايونلۇق ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى، رېۋىزىيە كومىتېتى تۆت ئورۇننىڭ مەسئۇل يولداشلىرىنى سۆھبەتكە چاقىرتتى

**كۆزىتىشكە ئاساسەن تۈزىتىشى كۈچلۈك بولمىغان تۆت پارتكوم(پارتگۇرۇپپا)شۇجىسى سۆھبەتكە چاقىرتىلدى**

**نازارەت قىلىشى، تۈزىتىشى كۈچلۈك بولمىغان تۆت ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى(ئىنتىزام تەكشۈرۈش، رېۋىزىيە گۇرۇپپىسى)دىكى مەسئۇل يولداش سۆھبەتكە چاقىرتىلدى**

مۇخبىرىمىز لياڭ لىخۇا، ئىختىيارىي مۇخبىرىمىز جياڭ خۇلى خەۋەر قىلىدۇ: 6 - ئاينىڭ 18 - كۈنى چۈشتىن كېيىن، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ تەستىقلىشى بىلەن، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ شۇجىسى، رېۋىزىيە كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ياڭ شىن 9 - نۆۋەتلىك ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ 6 - نۆۋەتلىك كۆزىتىشىدە قايتما ئىنكاس قىلىنغان مەسىلىلەرنى تۈزىتىشى كۈچلۈك بولمىغان ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى، شىنجاڭ سەنئەت داشۆسى، شىنجاڭ كەسپىي داشۆسى، شىنجاڭ ساقچى شۆيۈەنىدىن ئىبارەت تۆت ئورۇن پارتكوم(پارتگۇرۇپپا)ى ۋە ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى(ئىنتىزام تەكشۈرۈش، رېۋىزىيە گۇرۇپپىسى)نىڭ ئاساسلىق مەسئۇل يولداشلىرىنى كوللېكتىپ سۆھبەتكە چاقىرتتى.

يىغىندا مۇنداق كۆرسىتىلدى: سۆھبەتكە چاقىرتىلغان تۆت ئورۇن سىياسىي يۈكسەكلىكنى ئۆستۈرۈپ، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ كۆزىتىش خىزمىتى توغرىسىدىكى مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، كۆزىتىشكە ئاساسەن تۈزىتىش سىياسىي ئاڭلىقلىقى، ئىدىيە ئاڭلىقلىقى، ھەرىكەت ئاڭلىقلىقىنى ھەقىقىي كۈچەيتىپ، تۈزىتىشنى ياخشى تۇتۇش ئەمەلىي ھەرىكىتى ئارقىلىق «ئىككىنى قوغداش»نى ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىشى كېرەك.

يىغىندا مۇنداق تەكىتلەندى: تۆت ئورۇن پارتكوم(پارتگۇرۇپپا)ى كۆزىتىشكە ئاساسەن تۈزىتىشتىكى سۇبيېكتلىق مەسئۇلىيەتنى ھەقىقىي زىممىسىگە ئېلىپ، مەسىلىگە قارىتا تۈزىتىش تەدبىرلىرىنى تۈزۈپ، قايتما ئىنكاس قىلىنغان مەسىلىلەرنى ئىنكاس پىكىرىگە سېلىشتۇرۇپ چوڭقۇر ئانالىز قىلىپ، تۈزىتىش ئەھۋالىنى قەرەللىك دوكلات قىلىشى كېرەك؛ «ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسىگە بىرلەشتۈرۈپ، مەخسۇس تېمىدىكى دېموكراتىك تۇرمۇش يىغىنىنى كەسكىن، ئەستايىدىل ياخشى ئېچىشى كېرەك؛ تۈزىتىش نەتىجىلىرىدىن ياخشى پايدىلىنىپ، «كېيىنكى يېرىم قىسىم ئىش»نى پۇختا، ياخشى ئىشلىشى كېرەك.

يىغىندا مۇنداق تەلەپ قىلىندى: كۆزىتىلىدىغان ئورۇنلارنىڭ ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى(ئىنتىزام تەكشۈرۈش، رېۋىزىيە گۇرۇپپىسى)لىرى كۆزىتىلىدىغان ئورۇنلار پارتكوم(پارتگۇرۇپپا)لىرىنىڭ تۈزىتىشتىكى سۇبيېكتلىق مەسئۇلىيىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە ھەيدەكچىلىك قىلىشنى كۈچەيتىپ، كۆزىتىشكە ئاساسەن تۈزىتىشنىڭ ئەمەلىيلىشىپ ئۈنۈم ھاسىل قىلىشىغا تۈرتكە بولۇشى كېرەك.

نۇرلان ئەبلەمجىن «ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسى مەخسۇس تېمىلىق پارتىيە دەرسى دوكلاتى بەردى

# شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنىڭ قەتئىي ئېتىقادچىلىرى ۋە سادىق ئەمەلىيەتتە كۆرسەتكۈچىلىرىدىن بولۇش كېرەك

**ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش**

مۇخبىرىمىز جاڭ يەنفاڭ خەۋەر قىلىدۇ: ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ «ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسى خىزمەت ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە، 6 - ئاينىڭ 20 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش پارتگۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى، رەئىس نۇرلان ئەبلەمجىن «ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسى مەخسۇس تېمىلىق پارتىيە دەرسى دوكلاتى بەردى.

نۇرلان ئەبلەمجىن ئۆزىنىڭ ئۆگىنىشى، پىكىر يۈرگۈزۈشىگە زىچ بىرلەشتۈرۈپ، دۆلەت ئىچى - سىرتى ۋەزىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى ئۆگىنىش تەسىراتىنى سۆزلىدى. ئۇ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇشتا، باشتىن - ئاخىر جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنىڭ ئەسلى مەقسىتى ۋە بۇرچىنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى قەتئىي ياخشى ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك؛ باشتىن - ئاخىر ماركسىزمغا بولغان ئېتىقاد، سوتسىيالىزم ۋە كوممۇنىزمغا بولغان ئەقىدە، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا بولغان ئىشەنچنى چىڭىتىش كېرەك؛ باشتىن - ئاخىر پارتىيەگە مۇتلەق سادىق بولۇپ، پارتىيەنىڭ سىياسىي ئىنتىزامى ۋە سىياسىي قائىدىسىگە قاتتىق ئەمەل قىلىش كېرەك. بىز شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنىڭ روھىي ماھىيىتى ۋە مول ماھىيەتلىك مەزمۇنىنى چوڭقۇر ئۆزلەشتۈرۈپ، ئۆگىنىش، پىكىر يۈرگۈزۈش ۋە قوللىنىشنى تۇتاشتۇرۇشنى، بىلىش، ئىشىنىش ۋە ئىشلىتىشنى بىرلىككە كەلتۈرۈشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ھەقىقىي تۈردە «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئاڭلىق ھالدا شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنىڭ قەتئىي ئېتىقادچىلىرى ۋە سادىق ئەمەلىيەتتە كۆرسەتكۈچىلىرىدىن بولۇشىمىز كېرەك.

نۇرلان ئەبلەمجىن مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: يېڭى دەۋردىكى خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشتە، ئەڭ نېگىزلىكى شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنىڭ چوڭقۇر ماھىيەتلىك مەزمۇنىنى تولۇق، توغرا ئۆزلەشتۈرۈپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ شىنجاڭ خىزمىتى توغرىسىدىكى مۇھىم سۆزى ۋە مۇھىم يوليورۇقىنىڭ روھىنىڭ يادرولۇق مۇھىم مەزمۇنىنى تولۇق، توغرا ئۆزلەشتۈرۈپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى خىزمىتىنى كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاش توغرىسىدىكى مۇھىم ئىدىيەسىنى ياخشى ئۆگىنىش، ياخشى ئىزچىللاشتۇرۇشتىن ئىبارەت. ئىتتىپاقلىق ۋە دېموكراتىيەدىن ئىبارەت ئىككى چوڭ باش تېمىدا چىڭ تۇرۇپ، مۇقىملىق ئاساسىدا ئىلگىرىلەش خىزمەت باش رىتىمىدا چىڭ تۇرۇپ، پارتىيەنىڭ رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇشتىن ئىبارەت خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى جەزمەن قاتتىق ئەمەل قىلىدىغان بۇ تۈپ سىياسىي پرىنسىپنى پۇختا ئىگىلەپ، ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشكە چارە - ئەقىل كۆرسىتىش ۋە ئورتاق تونۇشنى مۇجەسسەملەشكە قوش يۆنىلىشلىك كۈچەشتىن ئىبارەت خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ مۇھىم خىزمەت تەلپىنى پۇختا ئىگىلەپ، دىققەتنى شىنجاڭ خىزمىتى باش نىشانىغا مەركەزلەشتۈرۈپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ «ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش+3+3+1» خىزمەت ئورۇنلاشتۇرمىسىنى چۆرىدەپ، مەخسۇس كېڭەشش ئاپپاراتلىق رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، يادرونى قەتئىي قوغداش، تەشەببۇسكارلىق بىلەن مەركەزگە مۇلازىمەت قىلىش، كىشىلەر قەلبىنى كەڭ مۇجەسسەملەشتە يېڭى بۇرچنى زىممىگە ئېلىش، يېڭى نەتىجىلەرنى نامايان قىلىش كېرەك.

نۇرلان ئەبلەمجىن مۇنداق تەلەپ قىلدى: باش تېما تەربىيەسىنىڭ تۈرلۈك ئورۇنلاشتۇرۇشلىرىنى كەم - كۇتىسىز ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، تەشكىلىي رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ، بىرتۇتاش پىلانلاپ تەڭ ئېتىبار بېرىپ، قاتتىق، ئەمەلىي بولۇش، يۇقىرىدىكىلەر تۆۋەندىكىلەرگە ئۈلگە بولۇشتا چىڭ تۇرۇپ، سىياسىي كېڭەش خىزمىتىنى تېخىمۇ پۇختا، تېخىمۇ ئۈنۈملۈك ئىشلەپ، تېخىمۇ خاسلىققا ئىگە قىلىپ، باش تېما تەربىيەسىنىڭ پۇختا ئالغا سىلجىشىنى، ئەمەلىي ئۈنۈمگە ئېرىشىشىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش پارتگۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، مۇئاۋىن رەئىس، قوشۇمچە باش كاتىپ جاڭ بو، پارتگۇرۇپپا ئەزالىرى، مۇئاۋىن رەئىسلەر مۇتەللىپ ئوبۇل، ياڭ يۈك، ئىلھام سابىر، ما شيۇچېڭ قاتناشتى. ئاپتونوم رايوننىڭ 1 - تۈركۈمدىكى «ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسى 2 - سەييارە يېتەكچىلىك گۇرۇپپىسىنىڭ گۇرۇپپا باشلىقى، ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش ئورگىنىدىكى پارتىيە ئەزالىرى - كادىرلار، پېنسىيەگە چىققان قىسمەن پارتىيە ئەزالىرى - كادىرلار قاتارلىقلار پارتىيە دەرسىگە قاتناشتى.